# ئۇنىڭغا دەۋڭلار! گەپ قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرسۇن لېكىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر قېتىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن ئۇ كىشى توغرىلىق سورىدى، كىشىلەر: ئۇ ئەبۇ ئىسرائىل دېگەن كىشىدۇر، ئۇ كۈنگە قاقلىنىپ ئۆرە تۇرۇشنى، ئولتۇرماسلىقنى، سايىدىماسلىقنى، گەپ قىلماسلىقنى، روزا تۇتۇشنى ئاللاھ يولىدا نەزىر قىپتۇ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا دەۋڭلار، گەپ قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرسۇن لېكىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن»دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ساھابە كىرام گەپ قىلماسلىق، تائام يېمەسلىك، ئۇسسۇزلۇق ئىچمەسلىك، كۈن نۇرىدا تۇرۇپ سايىدىماسلىق قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان، بۇ ئۆز نەپسىنى جازالاش ۋە قىيىنچىلىقا سېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق شەكىلدە نەزىر قىلىشنى شەرىئەت چەكلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى بۇ ئىشتىن توسقان، لېكىن ئۇ كىشىنى روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرىغان، چۈنكى روزا تۇتۇش دېگەن شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۆزىگە شەرىئەت يولغا قويغان ئىبادەتنى قىلىشنى نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ، شەرىئەت يولغا قويمىغان ئىشلارنى قىلىشنى نەزىر قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش كېرەك بولمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5835

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee